(بېشى 1- بەتتە)

يېتىپ باردى. ئۇلار ئەتىسى ئەتىگىنى كارۋاننىڭ بۇ يەردىن ئالدىنقى كۈنى ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. سەئىد رضي الله عنه نىڭ بايرىقىمۇ ئاق رەڭدە بولۇپ مىقداد ئىبنى ئەمرى رضي الله عنه كۆتۈرگەنىدى.

## ئەبۋائ ياكى ۋەددان غازىتى

ئەبۋائ (ياكى ۋەددان) ئارىلىقى يېقىن بولغان ئىككى ئورۇننىڭ نامى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىلىقىدىكى مۇساپە 11 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ غازات ھىجرىيىنىڭ 2- يىلى سەپەر ئېيى (مىلادىيە 623- يىلى 8- ئاي)دا ئېلىپ بېرىلغان. بۇ غازاتتا پىيادىلىك ۋە ئۇلاغلىق بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 200 كىشى ئىدى. بۇ غازاتقا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان بولۇپ، مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا سەئىد ئىبنى ئۇبادە رضي الله عنه نى قالدۇرۇپ، قۇرەيشلەرنىڭ بىر كارۋىنىنى توسۇش ئۈچۈن چىقتى. ھەتتا ۋەددان دېگەن يەرگىچە باردى. بۇ قېتىممۇ ئۇرۇش بولمىدى. بۇ غازاتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەمر ئىبنى مەخشى ئەلزەمەرى بىلەن ئىتتىپاقداشلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. بەنى زەمرە قەبىلىسى مۇشرىك ئىدى. ئەمر شۇ چاغدا بەنى زەمرە قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. كېلىشىمنامىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە: «بۇ — الله نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ﷺ نىڭ بەنى زەمرە خەلقىگە يېزىپ بەرگەن ئەھدىنامىسىدۇر. بەنى زەمرە خەلقى الله نىڭ دىنىغا قارشى ھەرىكەت قىلمىسىلا، دېڭىز قۇرۇپ قالمىسىلا، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى ۋە ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. دۈشمەنگە قارشى ياردەم بېرىلىدۇ ۋە پەيغەمبەر ﷺ مۇ ئۇلارنى ياردەمگە چاقىرسا، ئۇلار چاقىرىققا ئاۋاز قوشىدۇ، ۋەسسالام».

مانا بۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېلىپ بارغان تۇنجى غازات بولۇپ، مەدىنىدىن يولغا چىقىپ 15- كۈنى قايتىپ كەلگەن. بايراقنىڭ رەڭگى يەنىلا ئاق بولۇپ ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ رضي الله عنه كۆتۈرگەنىدى.

## بەۋات غازىتى

ھىجرىيىنىڭ 2- يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيى (مىلادىيە 623- يىلى 9- ئاي)دا رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلەردىن 200 كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ قۇرەيشلەرنىڭ بىر كارۋىنىنى توسۇش ئۈچۈن چىقتى. كارۋاندا ئۇمەييە ئىبنى خەلەف جۇمەھى ۋە يەنە 100 دەك ئادەم، مال ھېساۋىدا 2500 تۆگە بار ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ قوشۇن بىلەن رىزۋا تەۋەلىكىدىن بەۋات دېگەن يەرگىچە يېتىپ باردى ئەمما ئۇلارنى ئۇچرىتالمىدى. ئۇ بۇ قېتىم مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا سەئىد ئىبنى مۇئاز رضي الله عنه نى قالدۇردى ۋە ئاق رەڭلىك بايراقنى سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رضي الله عنه غا تۇتقۇزغانىدى.

## سەفۋان غازىتى

ھىجرىيىنىڭ 2- يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيى (مىلادىيە 623- يىلى 9- ئاي)دا كورز ئىبنى جابىر فىھرى مۇشرىكلاردىن بىر قانچە قاراقچى بىلەن مەدىنە يايلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ بىر بۆلۈك چارۋا ۋە قوي - تۆگىلەرنى بۇلاپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ساھابىلەردىن 70 كىشى بىلەن ئۇنى قوغلاشقا ئاتلاندى. ھەتتا بەدر تەۋەلىكىدىن سەفۋان دېگەن يەرگىچە قوغلاپ باردى لېكىن كورز ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى قولغا چۈشۈرەلمەي قايتىپ كەلدى. بۇ غازات «بىرىنچى بەدر غازىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ قېتىمقى غازاتتا مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا زەيد ئىبنى ھارىس رضي الله عنه نى قالدۇرۇپ قويدى ۋە بايراقنىڭ رەڭگى ئاق بولۇپ، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رضي الله عنه غا تۇتقۇزغانىدى.

## ئۇشەيرە غازىتى

ھىجرىيىنىڭ 2- يىلى جۇمادىيەلئەۋۋەل ياكى جۇمادىيەلئاخىر ئېيى (مىلادىيە 623- يىلى 11- ياكى 12- ئاي)دا رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇھاجىرلاردىن تەشكىللەنگەن 150 كىشى (200 ئىدى دەپمۇ قارىلىدۇ) بىلەن 30 تۆگىگە نۆۋەتلىشىپ مىنىپ، قۇرەيشلەرنىڭ شامغا ماڭغان بىر كارۋىنىنى توسۇشقا ئاتلاندى. بۇ غازاتقا چىقىش ياكى چىقماسلىقنى رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىختىيارىغا قويدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ كارۋاننىڭ نۇرغۇن ماللارنى ئېلىپ مەككىدىن يولغا چىققانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات تاپشۇرۇۋالغانىدى. شۇڭا، ئۇ جىددىي يول يۈرۈپ زۇلئۇشەيرە دېگەن يەرگە يېتىپ باردى لېكىن كارۋاننىڭ بىر قانچە كۈن ئىلگىرى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. مانا بۇ كارۋان كېيىن شامدىن قايتىپ كېلىشتە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن چىقىپ، چوڭ بەدرى غازىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان كارۋاندۇر. ئىبنى ئىسھاقنىڭ رىۋايىتىدە «رەسۇلۇللاھ ﷺ جۇمادىيەلئەۋۋەلنىڭ ئاخىرلىرى يولغا چىقىپ جۇمادىيەلئاخىرنىڭ باشلىرى قايتىپ كەلگەن» دېيىلىدۇ. ئېھتىمال، بۇ تارىخشۇناسلارنىڭ مۇشۇ غازاتنىڭ ۋاقتىنى بېكىتىشتىكى قاراشنىڭ ئوخشىماسلىقى بولسا كېرەك. بۇ غازاتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ بەنى مۇدلىج قەبىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بولغان بەنى زەمرە قەبىلىلىرى بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. ئۇ قەبىلىلەر مۇشرىك ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆز ئورنىغا مەدىنىدە ئەبۇ سەلىمە ئىبنى ئابدۇلئەسەد رضي الله عنه نى قالدۇرغانىدى. بۇ غازاتتىكى بايراقمۇ ئاق رەڭلىك بولۇپ، ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ رضي الله عنه كۆتۈرگەنىدى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




## ئىسلامى خىلاپەت ۋە ختاي كاپىرلىرى

ئىبراھىم مەنسۇر

پەيغەمبەر ﷺ ئۆز قولى بىلەن قالدۇرغان ئىسلامىي خىلاپەت ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئوسمان رضي الله عنه نىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە، تا غەربىي تۈركىستان بىلەن خۇراساننىڭ چېگرا ھۇدۇدلىرىغىچە كېڭەيدى. مىلادىيە 652- يىلى بەسرىلىك ئەمىر ئابدۇراھمان ھىرات ۋە مەرۋىنى فەتھ قىلدى، 667- يىلى زىيار بىننى ئەبھىلى غەربىي پامىر ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىنى فەتھ قىلدى، 674- يىلى ئۇنىڭ ئوغلى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى زىيار بۇخارانى فەتھ قىلدى، 676- يىلى سەئىد ئىبنى ئوسمان سەمەرقەندنى فەتھ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈركىستاننىڭ ھەممىسى ئىسلامىي خىلاپەت ئاستىغا كىردى. ئەمما ئەمىرلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپ ۋە 679- يىلدىن 745- يىلغىچە دەۋر سۈرگەن كېيىنكى تۈرك خانلىقى بىلەن 672- يىلدىن 846- يىلغىچە دەۋر سۈرگەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمى سەۋەبلىك مۇجاھىدلار قوشۇنى غەربىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي قولدىن بېرىپ چېكىنىپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. مىلادىيە 706- يىلى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم غەربىي تۈركىستانغا قايتىدىن قوشۇن تارتتى ۋە 713- يىلىغىچە غەربىي تۈركىستاننى مۇكەممەل ئازاد قىلدى. بۇنىڭ بىلەن 661- يىلىدىن 750- يىلىغىچە دەۋر سۈرگەن ئۇمەۋىيە خىلاپىتى كېيىنكى تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي تۈركىستاننى ئاساس قىلغان مۇئەييەن زېمىننى كېسىپ ئېلىپ ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا كۈچلۈك تەھدىت پەيدا قىلدى ۋە بۇ ئىككى خانلىقنىڭ ھامىيلىقىدا تۇرۇۋاتقان، 618- يىلىدىن 905- يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ختايلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى قاتتىق بىر ئەسكىرىي سىقىم ئىچىدە قالدى. بۇ قاتمال سىياسىي ۋەزىيەت يۇقىرىقى ئۈچ دۆلەتنى خىلاپەتكە قارشى بىرلەشمە قوشۇن تەشكىللەش ۋە غەربىي تۈركىستاننى قايتۇرۇۋېلىپ، خىلاپەتنى تۈرك زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ جەرياندا ختاي كاپىرلىرى ئۈچ قېتىم بۇ بىرلەشمە ھەربىي ھەرىكەتكە قاتناشتى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) 715- يىلى قوماندان كاپىر جاڭشاۋخاۋنىڭ رەھبەرلىكىدە 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن چىقىرىپ، مۇجاھىدلار بىلەن پەرغانىدە ئۇرۇش قىلدى، ئۇرۇش مۇجاھىدلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. ختاي كاپىرلىرى باشقىلار بىلەن بىرگە مەغلۇپ بولدى.

(2) 717- يىلى قايتا قوشۇن چىقىرىپ مۇجاھىدلار بىلەن پەرغانىدە يەنە ئۇرۇش قىلدى. ئۇرۇش مۇجاھىدلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى، ختاي باشقىلار بىلەن بىرگە يەنە مەغلۇپ بولدى.

(3) 751- يىلى ختايلار يەنە بۇ بىرلەشمە ھەرىكەتكە كاپىر قوماندان گاۋشەنجىنىڭ رەھبەرلىكىدە 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇن چىقىرىپ تالاس (يەنى ھازىرقى قازاقىستاننىڭ جامبۇل رايونى)دا مۇجاھىدلار بىلەن جەڭ قىلدى، جەڭ يەنىلا مۇجاھىدلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى ۋە نۇرغۇن ختاي ئەسكەرلەر ئەسىرگە چۈشتى.

745- يىلى كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي يوق قىلىنىشى، مىلادىيە 8- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىچكى - تاشقى كىرزىسقا يېتىپ يىقىلىش گىردابىغا بېرىپ قېلىشى، ئىچكى ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ۋە ئۇيغۇر - تىبەتلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ھالسىرىغان ختايلارنىڭ ئۈۋىسىدىن چىقالمايدىغان زەئىپ بىر دۆلەتكە ئايلىنىپ قېلىشى سەۋەبلىك، بۇ ئۈچ دۆلەتنىڭ غەربىي تۈركىستانغا قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان قەرەللىك ھەربىي يۈرۈشى پۈتۈنلەي توختاپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈركىستان ئىسلامىي خىلاپەت تەۋەلىكىدە تىنچ بىر گۈللىنىش باسقۇچىغا كىردى، شۇنىڭدىن تاكى 1940- يىللارغا كەلگىچە ختاي خەلقى قۇللۇق، زەئىپلىك ھەمدە شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۇلارنى قاتتىق توسۇپ تۇرۇشى سەۋەبلىك مۇسۇلمان دۇنياسىغا نىسبەتەن ھېچقانچە ئەكس تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان ھالەتتە ياشاپ كەلدى، بۇ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك روھىي ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولدى: بىرىنچى، ختايلارغا نىسبەتەن بىلمىگەن ئۇممەت ئۇلارنى «ياۋاش، مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن خەتەرسىز بىر خەلق» دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قالدى؛ ئىككىنچى، ختاي كاپىرلىرى تەخمىنەن 1300 يىلدەك ئۇزۇن تارىخى جەرياندا خەلقئارالىق مۇجاھىدلار قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغاچقا، مۇجاھىدلارغا نىسبەتەن مەنسىتمەسلىك، كىچىك ساناش نۇقتىنەزىرى ختاي ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىدە ئومۇمىيۈزلۈك بىر پىكىرگە ئايلاندى.

1949- يىلى 10- ئاينىڭ 1- كۈنى كوممۇنىستلار رەھبەرلىكىدىكى ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ختاي خەلقى تارىختىكى ئەڭ قۇدرەتلىك بىر باسقۇچقا كىردى. مۇرتەد دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي جەھەتتە خېلىلا قۇدرەتلىك بولغان ختايدىن ياردەم ئېلىپ يەھۇدىي ناسارالارغا تاقابىل تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىشى مۇجاھىدلارغا نىسبەتەن ختايلارنىڭ خورىكىنى يەنە بىر پەللە ئۆستۈرۈپ قويدى. ئۇلارنىڭ ختايلارنى «ئىشچان خەلق» دەپ تونۇشى ھەم ئۇلاردىن ياردەم سوراشنى «ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپى» دەپ قارىشى، تەخمىنەن 1300 يىللىق ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە كۈچلۈك بىر خەلقئارالىق مۇجاھىدلار قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغاچ ھەمدە ئۇممەت بۈگۈن سىياسىي زەئىپلىككە گىرىپتار بولغاچ، ختايلارنىڭ مۇجاھىدلارغا نىسبەتەن مۇتەكەببىر بىر پوزىتسىيىدە بولۇشى، ختايلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان جىھادىي ھەرىكەتكە نىسبەتەن ھەر تۈرلۈك پىكرىي مۇجمەللىكلەرنى پەيدا قىلغان بىر پەيتتە، بارلىق ئارتۇق پىكرىي ئېقىملارنى بىر يانغا قايرىپ قويغان ختايلارنىڭ كۈچلۈك رەقىبى بولغان «تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» مەيدانغا چىقتى. بۇ ئىسلامىي جامائەتنىڭ قولى ئارقىلىق مۇلھىد ختاي كاپىرلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئەشەددى رەقىبلىكى، ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان ياردەمنىڭ ۋاقىتلىق بىر ئېزىتقۇ ئىكەنلىكى الله نىڭ ياردىمى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا پاش بولدى ۋە چوقۇم يەنىمۇ پاش بولىدۇ. خەلقئارادىكى ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىنى ختايلارغا قارشى جىھاد مەيدانىغا سۆرەپ كىرگۈچى پاراۋۇز بولغان «تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» ختاي كوممۇنىستلىرىغا مۇجاھىدلارنىڭ ۋە ئۇممەتنىڭ كۈچىنى ئېسىدىن قىيامەتكىچە كۆتۈرۈلمەيدىغان تەرىزدە كۆرسىتىپ قويىدۇ، ختاي كاپىرلىرى بىلەن ئىسلام ئۇممىتىنىڭ 1300 يىل ئاۋۋالقى شەرەپلىك جەڭ تارىخى يېقىن كەلگۈسىدە يەنە يېڭى بىر شەكىلدە تەكرارلىنىپ ئۆتىدۇ ئىنشائاللاھ.

## ئائىلىسىكى رېتسېپلار

**قەۋزىيەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئاددى چارىسى**

چوڭ تەرەتنى قىسىۋېلىش چوڭ ئۈچەي راكىنى پەيدا قىلىدۇ. چوڭ تەرەتنى ھەيدەيدىغان يېمەكلىكلەر:

**1. يېمەكلىك تالاسى مول بولغان قارا ئاشلىق ۋە سەي - كۆكتات**

ئاقارتىلغان ئۇننى ئاز ئىستېمال قىلىپ، قوناقنى كۆپرەك يېيىش. سەۋزە، پالەك، تاتلىقياڭيۇ، نەشپۈت قاتارلىق سەي - كۆكتات ۋە مېۋىلەرنىمۇ كۆپ ئىستېمال قىلىش لازىم.

**2. سۇ**

ئورۇندىن تۇرۇپ ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن سۇ ئىچسە، سۇنىڭ ھەممىسى ئىنچىكە ئۈچەي تەرىپىدىن سۈمۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىككى ئىستاكان سۇ ئىچىش بىر قەدەر مۇۋاپىق. ئىلمان سۇغا قارىغاندا سوغۇق سۇ ئۈچەينى بەكرەك غىدىقلايدۇ شۇڭا سوغۇق سۇ ئىچسە تېخىمۇ ياخشى.

**3. دانلىق زىرائەت ۋە پۇرچاقلار**

ئادەتتىكى گۈرۈچ ۋە قىزىل پۇرچاقنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىش كېرەك. پۇرچاقنىڭ ھەممىسىدە مول يېمەكلىك تالالىرى بولىدۇ. دائىم يەپ بەرگەندە يېتەرلىك مىقداردىكى سۇيەتلىك ئاقسىل ۋە ۋىتامىنلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

**4. ئالما**

قەۋزىيەت بولغاندا ئالما شۆپۈكىنى ئاقلىماي يېسە، ئىچى سۈرۈپ قالغاندا ئالمىنىڭ شۆپۈكىنى ۋە دادۇرنى يېسە (إن شاءالله) تېخىمۇ ئۈنۈم بېرىدۇ.

**5. قېتىق**

ئادەتلەنگەن قەۋزىيەتكە گىرىپتار بولغانلار قېتىقنى ھەر كۈنى ئىچىپ تۇرۇشى لازىم.





# ئۆلۈم توغرىسىدا

ئابدۇلەتىف رحمه الله

ئى ئۆلۈم! بۇ كېچە سېنىڭ بىلەن سىرداشماقچىمەن. سەن توغرىسىدا تەمكىن ئولتۇرۇپ، بىر ھازا پىكىر قىلماقچىمەن. توغرا، سەنمۇ الله ياراتقان بىر مەخلۇقسەن. سەن يېگانە الله نىڭ ئىزنى بىلەن سىلجىيسەن. سەن نۇرغۇن كىشىلەر تەييارلىقسىز تۇرغان ھالەتلەردە كېلىپ قورقۇتىسەن. سېنىڭ قەلبىمدىكى تۇنجى ئىزنايىڭنى ئەسلىسەم، چوڭ ئانامنىڭ ۋاپاتىدا ئاكىلىرىمنى ئۆيدىكى تاملارغا ئۇرغۇزۇپ، يىغلىتىۋەتكەن ئىدىڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، سېنى يامان كۆرەتتىم. سەن كىشىلەرنى قىپيالىڭاچ يېگانە ھالدا قەبرىلەرگە مۆپتىلا قىلىسەن. دوستلارنى، قېرىنداشلارنى بىر - بىرىدىن جۇدا قىلىسەن. ھايات قالغانلار بولسا، ئۇلارنى قەبرىلىرىگە كۆمۈپ قويۇپلا رەھىمسىزلەرچە شۇ چۆل - باياۋانلارغا يالغۇز تاشلاپ كېتىدۇ ۋە بۇ ئېچىنىشلىق مىنۇتلارنى تېزراق ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشىدۇ. قىسقىسى، ھاياتلىقىدا قان - قېرىنداش ياكى دوست - بۇرادەر بولۇشۇپ، شۇنچە ئىناق - ئىجىل ئۆتكەن بۇ ئىنسانلار سەن تۈپەيلى ئادا - جۇدا بولۇپ، ئۆزئارا ئۇنتۇشۇپ كېتىدۇ، مەن بولسام بۇلارنى ھەرگىز قوبۇل قىلالمايتتىم. سېنىڭ مانا شۇنداق ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلىرىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ساڭا بىر خىل قورقۇش ئىلكىدە قىزىقاتتىم. بىر تەرەپتىن سېنىڭ ھامان بىر كۈنى مېنىمۇ چۆل - باياۋانلارغا يالغۇز، يالىڭاچ تاشلىۋېتىشىڭدىن ئەندىشە قىلسام، يەنە بىر تەرەپتىن سەن كەلگەندىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى ئويلاپ ئايغىنى چىقىرالمايتتىم.

الله قا چەكسىز مەدھىيلەر بولسۇنكى، مەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ: «الله قا ئىمان ئېيتىڭلار! ئۇنىڭ ھەممە ئىنسانلارنى توپلايدىغان مەھشەر كۈنىگە ئىمان ئېيتىڭلار!» دېگىنىدەك نىجاتلىق ئۈزۈندىلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم. الله قا چەكسىز ھەمدىلەر بولسۇنكى، مەن ھىدايەت قىلىندىم. مانا شۇ سەۋەبلىك سېنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىڭ ماڭا پاش بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىنسانلىق خۇلقۇم بىلەن سېنىڭ ئالدىڭدا ئانچە - مۇنچە قورقۇپ تۇرسامىمۇ لېكىن چوڭ غېمىم بولغان ئۆلگەندىن كېيىن نەگە بېرىپ نەدە تۇرىدىغانلىقىم ماڭا ئايدىڭلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئەسلىدە سەن، مەن ۋە باشقا ئىنسانلار ئويلىغاندەك ئۈنچىۋالا قورقۇنچلۇق نەرسە ئەمەس ئىكەنسەن. ھەقىقىي قورقۇشقا تېگىشلىك بولغىنى — سېنى ۋە مېنى ياراتقان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئۇنىڭ ئازابى ئىكەن ئەمەسمۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن، الله پۈتۈپ قويغان ۋاقىتتىن زەررىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كەلمەيدىكەنسەن. ئەمدىلىكتە بولسا سېنىڭ ماڭا يېتىپ كېلىشىڭدىن ئىلگىرى ياخشى ئەمەللەرنى كۆپلەپ قىلىپ، ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق قىلىۋېلىشىم كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتىم.

خاتاكار، ئاجىز ۋە ئازغۇچى ئىنسان بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇ ياخشى ئىشلارنى ۋۇجۇدتقا چىقىرىشتا يەنىلا رەببىمگە يېلىندىم. ھەقىقەتەن رەببىمنى ماڭا ئەڭ يېقىن، دۇئايىمنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، نىيەت - ئەمەللىرىمنى كۆرۈپ تۇرغۇچى تاپتىم، ئۇ ماڭا رەھىم قىلىپ ھىجرەت ۋە جىھاد نېئمەتلىرىنى نېسىپ قىلدى.

شۇ كۈنلەردە كاپىرلارنى خارۇ - زار قىلغان، مۆئمىنلەرگە ئىززەت بېغىشلىغان بۇ جىھاد مەيدانىدا بولسا، سېنىڭ ئىشىڭ ماڭا باشقىچىرەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. مەن ھەممە ئادەمنى ماڭا ئوخشاش سېنىڭ كېلىشىڭنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ، سەن كەلگىچە تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ياخشى ئەمەل قىلىدۇ دەپ ئويلايتتىم لېكىن بۇ مەيداندا سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆيۈپ ياندىغان، بەلكى سېنى قوغلاپ يۈرىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنى ئۇچراتتىم. ئەجەبا بۈگۈنكى كۈندە دەۋر ئالمىشىپ سەن ئۇلاردىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىڭمۇ؟ سېنىڭ ھېلىقى چۆل - باياۋانلاردىكى ھەيۋىتىڭ ئاقماي قالدىمۇ - يا؟ مەن يەنىلا خۇددى ئاڭقىرالمىغاندەك قىلىپ، چوڭقۇر تەپەككۇر دېڭىزىغا غەرق بولاتتىم. بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر گويا ساڭا بىر بىباھا ئەنگۈشتەر يوشۇرۇنغاندەك، ھەر ۋاقىت سېنىڭ ئۈچۈن تەييار تۇراتتى.

مەن يەنە بىر بالداق ئۆرلەپ رەببىمنىڭ نازىل قىلغان كىتابىغا باقتىم. ئىمكانىيىتىمنىڭ يار بېرىشىچە ھەقىقەتچى ئالىملارنىڭ سۆھبىتىدە بولدۇم، الله قا ھەمدىلەر بولسۇنكى، مەن يەنە بىر قېتىم توغرا جاۋابقا ئېرىشتىم. ئەسلىدە بۇ بىر تۈركۈم ئىنسانلار ماڭا ئوخشاش ئۆز ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن دەسمايە سالغان كىشىلەر ئىكەن. پەقەت مېنىڭ تاۋارلىرىم تولىمۇ ئاددى ۋە ئەرزان بولۇپ قالغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ تاۋارلىرى بولسا، ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى بولغان جېنى ۋە مېلى ئىكەن ئەمەسمۇ!؟ دەرۋەقە، الله سبحانه وتعالى ئىنسانلارنى ئىبادەتنىڭ كامالىتى بولغان جىھادقا تاللايدىكەن، ئاندىن بۇ ئىنسانلارغا تېپىلماس پايدا بېرىدىغان تىجارەتنى ئۆگىتىپ، جانلىرى ۋە ماللىرى بەدىلىگە جەننەتنى ۋەدە قىلىدىكەن. بۇ تىجارەتنى ھەقىقىي چۈشەنگەن، الله نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەن ۋە خۇشال بولۇشقا ئەڭ تېگىشلىك بولغان بىر تۈركۈم بەختىيار ئىنسانلار بۇ سودىغا پەقەت سېنىڭلا پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈپ، ساڭا جەڭ ئېلان قىلىدىكەن. سەن بولساڭ ئۇلارنىڭ ئالدىدا سۆيۈملۈك بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىكەنسەن. ۋەھالەنكى، ھەر ۋاقىت باشقىلارنى قورقۇتۇپ كۆنۈپ قالغان سەن بولساڭ بۇ كىشىلەردىن تولىمۇ ھەيرانلىق بىلەن ئەجەبلىنىپ قالاتتىڭ. چۈنكى سېنىڭ بۇ سودىدىن خەۋىرىڭ يوق ياكى ساڭا كىتاب نازىل بولمىغان ياكى سەن ئۇنىڭغا تەكلىپ قىلىنمىغان بىر مەخلۇقسەن.

ئى ئۆلۈم! سەن گەرچە ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن جان ئالالمايدىغان، پەقەت رەببىمىز سبحانه وتعالى نىڭ ئىزنى بىلەن كېلىدىغان بىر مەخلۇق بولساڭمۇ، ساڭا خىتابلار ياغدۇراتقۇم كېلىۋاتىدۇ چۈنكى الله نىڭ سەلتەنىتىدىن بىر ئازمۇ ئىلمى بولمىغان ياكى يالغاندىن بىلمەس بولۇۋالغان ئازغۇن ئىنسانلار نۇرغۇن قىممەتلىك كىشىلىرىمىزنى سەن ئارقىلىق قورقۇتماقتا ياكى بۇ قارا كاپىرلار بىزگە ئۆز كۈچ - قۇدرىتىنى نامايەن قىلىۋالغاندەك خۇشال بولۇشماقتا. الله نى بۇ نىجىس كاپىرلارنىڭ ئېپتىرالىرىدىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىزكى، الله ھەممە قۇدرەتنىڭ ئىگىسىدۇر، ئاخىر قايتىدىغان جايىمىز الله نىڭ دەرگاھىدۇر.

ئى ئۆلۈم! سەن ھەقىقەتەن شەھىدلەر ئونلاپ ئارزۇ قىلغان ئۆلۈمسەن. سەن ھەقىقەتەن رىزۋان بەيئىتىدە بېرىلگەن ئۆلۈمسەن. ئى ئۆلۈم! سەن كاپىرلار ئارزۇ قىلالمايدىغان ئۆلۈمسەن. ۋەھالەنكى، سەن مۆئمىنلەرنى ناھايىتى ئىللىقلىق ۋە سىلىقلىق بىلەن كۈتۈۋالىسەن، كاپىرلارنى بولسا بەكمۇ غەزەپ ۋە قاتتىقلىق بىلەن كۈتۈۋالىسەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق بىز يەنە نېمىشقا قورقىدىكەنمىز، كاپىرلار سەن ئارقىلىق بىزنى قورقۇتۇپ، بىزدىن ئۈمىد قىلغان نەرسىسىگە ھەرگىز ئېرىشەلمەيدۇ چۈنكى بىز ئۇلارغا ئوخشاش ئۆلۈمدىن قورقىدىغان كاپىر ئەمەسمىز بەلكى مۇسۇلمان، مۇجاھىدمىز. ئاشۇ شەھىدلىرىمىزنىڭ ئېتىلىپ چىققان قانلىرىغا، چۆل - چۆل بولغان جەسەتلىرىگە، كۆيۈپ كۈل بولغان بەدەنلىرىگە ۋە شۇ ئارقىلىق الله نىڭ يولىدا بىزنى ئۆزىگە گۇۋاھچى قىلغان تەۋھىد ئەقىدىسىگە ھەرگىز خىيانەت قىلمايمىز، ئىنشائاللاھ! بىز ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا يەنىلا رەببىمىزنى ئۇلۇغلاپ، تەكبىرلەر توۋلىغىنىنى كۆرگەن تۇرساق، قانداقمۇ خىيانەت قىلىمىز، پەقەت دەيۈزلەرلا خىيانەت قىلىدۇ، خالاس!

ئى الله! بىزنى ئۆزۈڭ رازى بولغان ھاياتتا ياشاتقۇزغىن ۋە ئۆزۈڭ رازى بولىدىغان شاھادەت بىلەن نېئمەتلەندۈرگىن!

ئى ئۆلۈم! مەن سېنى بارغانسىرى چۈشىنىپ قېلىۋاتىمەن، مەيلى الله نىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەر بولسۇن، مەيلى شەيتاننىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەر بولسۇن، ئۇلارنى كۆرۈپ سەن توغرىسىدىكى مەلۇماتىم تېخىمۇ ئاشماقتا، سەن ھەقىقەتەن مۆئمىنلەردە مەقسىتىڭگە يېتەلمەيدىكەنسەن. «بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ» (سۈرە ئال ئىمران 169- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ماھىيەتتە سەن ئۇلارنى ئەمەس، ئۇلار سېنى ئۆلتۈرۈپ، مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىككە ئۇلىشىۋالدى.

ئى ئۆلۈم! سەن الله قا ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلمايدىغانلارنى قورقۇتقىن چۈنكى ئۇلار قىلغان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن قورقۇشقا ئەڭ تېگىشلىك كىشىلەردۇر. ئۇلار بۇ دۇنيادا سەندىن قورقسۇن. سەن ئۇلارنى دۇنيادىن ئايرىپ، يالغۇز ھالدا قەبرىگە ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، تېخىمۇ قورقسۇن. قىيامەت كۈنى تېخىمۇ، تېخىمۇ قورقسۇن! ئۇلارغا الله نىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە جىمى ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ لەنىتى ياغسۇن! (ئامىن)

ئى ئۆلۈم! سەن مۆئمىنلەرنى قورقۇتالمايسەن چۈنكى بىزگە رەسۇلىمىز مۇھەممەد ﷺ خەۋەر بەردىكى، كاپىرلار بىز مۇسۇلمانلارغا بىر قاچا تائامغا ئولاشقاندەك ئولاشقان بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ سانىمىز كۆپ لېكىن دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك ۋەزنىمىز يوق شۇنداقلا قەلبىمىزگە بوشاڭلىق تاشلانغان، بۇ بوشاڭلىق يەنىلا سەن توغرىلىق بولۇپ، سېنى يامان كۆرۈپ، دۇنيانى ياخشى كۆرگەنلىكىمىز ئۈچۈن بۇ خارلىققا مۇپتىلا بولدۇق.

بىزگە بۇ ئىلىملەر بېرىلگەندىن كېيىن ھەر دائىم رەببىمىزگە يېلىنىپ تۇرۇپ دۇئا قىلىمىزكى، ئى الله! بىزنى ئۆلۈمنى يامان كۆرۈپ، دۇنيانى ياخشى كۆرىدىغانلارنىڭ قاتارىدىن قىلمىغىن بەلكى بىزنى ئۆلۈمگە جەڭ ئېلان قىلىدىغان سادىق بەندىلىرىڭنىڭ قاتارىدىن قىلغىنكى، بۇ زىللەت كەتسۇن، بىزدىكى بۇ خارلىق كاپىرلارغا بولسۇن؛ زېمىنىنىڭ ھەر بىر يېرىدە زۇلۇم چېكىۋاتقان مەزلۇم مۇسۇلمانلار ئەزىز بولسۇن؛ قاراڭغۇ كامىرلاردا ئېچىنىشلىق ئىڭراۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز، ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا كاپىرلارغا دېدەك - چۆرە بولۇپ قېلىۋاتقان قىز - ھەمشىرىلىرىمىز ھۆر بولسۇن؛ خارلىنىۋاتقان الله نىڭ كىتابى پۈتكۈل ئالەمگە ھاكىم بولسۇن. ئى الله! بىزنىڭ قەلبلىرىمىزدىن ئۆلۈمنىڭ قورقۇنچىسىنى ۋە دۇنيانىڭ مۇھەببىتىنى چىقىرىۋەتكىن، قەلبلىرىمىزگە ئاخىرەتنىڭ مۇھەببىتىنى سالغىن، پەيغەمبىرىڭ قايتا - قايتا ئارزۇ قىلغان شاھادەتنى ئاتا قىلغىن. ئى الله! سېنىڭ يولۇڭدا ھېچقانداق ھالاۋەتسىز ئۆلتۈرۈلگەن سادىق بەندىلىرىڭگە ۋاپا قىلىدىغانلارنىڭ قاتارىدىن قىلغىن، ئامىن!

## ھەمشىرىلەرگە ھېيتلىق گۈلدەستە

(بىر ھەمشىرىمىزنىڭ ھېيتلىق سوۋغىسى)

بىرىنچى گۈل: رەببىڭىزنى ئەسلەڭ! چۈنكى ئۇ مەغفىرەت تەلەپ قىلغۇچىنى مەغفىرەت قىلىدۇ، تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، (ھەققە) قايتقۇچىلارغا رەھمىتىنى ئاچىدۇ.

ئىككىنچى گۈل: ئاجىزلارغا رەھىمدىل بولۇڭكى بەخت قۇچىسىز، مۇھتاجلارغا بېرىڭكى تەسەللى تاپىسىز، ئۆچ - ئاداۋەتتىن يىراق بولۇڭكى ئەمىنلىك تاپىسىز.

ئۈچىنچى گۈل: ئۈمىدۋار بولۇڭكى، الله دائىم سىز بىلەن بىللە. پەرىشتىلەر سىز ئۈچۈن مەغفىرەت تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، جەننەت سىزنى كۈتۈۋاتىدۇ.

تۆتىنچى گۈل: رەببىڭىزگە بولغان ياخشى خىياللىرىڭىز بىلەن كۆز ياشلىرىڭىزنى سۈرتۈڭ. الله نىڭ سىزگە ئاتا قىلغان نېئمەتلىرىنى ئەسلەش بىلەن غەملىرىڭىزنى قوغلاڭ.

بەشىنچى گۈل: بۇ دۇنيادا مۇكەممەللىك بار دەپ ئويلاپ قالماڭ، مۇكەممەللىك پەقەت ياراتقۇچىغا خاستۇر.

ئالتىنچى گۈل: ئالىي ھىممەتلىك، ئۆزگىلەرگە ئازارسىز خورما دەرىخىگە ئوخشاش بولۇڭ. كىمكى ئۇنىڭغا چالما ئاتسا، ئەكسىچە ئۇ چالما ئاتقۇچىغا شېرىن مېۋىسىنى تۆكىدۇ.

يەتتىنچى گۈل: غەم - قايغۇنىڭ كەتكەن نەرسىنى قايتۇرۇپ ئەكەلگەنلىكىنى كۆرگەنمىدىڭىز ۋە سەۋەنلىكلەرنى يوغانلىقىنى ئاڭلىغانمىدىڭىز؟ شۇڭا كەتكەنگە قايغۇرماي سەۋەنلىكنى تۈزىتىشكە ھەرىكەت قىلىڭ.

سەككىزىنچى گۈل: ئەخلاقىڭىز باغۇ - بوستان، گۈل - گۈلىستانلاردىنمۇ گۈزەل بولسۇن! گۈزەل ئەخلاق پۇرىقىنى پەيغەمبەردىن ئېلىڭ.

توققۇزىنچى گۈل: قەلبىڭىزدىكى ئاداۋەت ئوتىنى سىزگە يامانلىق قىلغان كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىش بىلەن ئۆچۈرۈڭ، مۆئمىننىڭ سۈپىتىنى تاپىسىز.

ئونىنچى گۈل: الله سىز بىلەن بىللە تۇرسا، يەنە كىمدىن قورقىسىز؟! ئەگەر الله سىزنى تاشلىۋەتسە يەنە كىمدىن ئۈمىد كۈتىسىز؟!

ئون بىرىنچى گۈل: ھارامدىن قېچىڭكى ھارامدىن كەلگەن ھەر قانداق لەززەت — ئارقىدىنلا ھەسرەت - نادامەت كەلتۈرىدۇ.

## پەيغەمبەر تىبابىتى بىلىۋېلىڭ-ئېلىۋېلىڭ

### زەيتۇن مېيى

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «الله ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر، الله نىڭ (مۆئمىن بەندىسىنىڭ قەلبىدىكى) نۇرى خۇددى (چىراق قويىدىغان) تەكچىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا چىراق باردۇر، چىراق شىشىنىڭ ئىچىدىدۇر، شىشە گويا نۇرلۇق يۇلتۇزدۇر. چىراق مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىنىڭ (يېغى) بىلەن يورۇتۇلغان، ئۇ (يەنى زەيتۇن دەرىخى) شەرق تەرەپتىمۇ ئەمەس، غەرب تەرەپتىمۇ ئەمەس (سەھرادا ئوچۇقچىلىقتا بولۇپ، كۈن بويى ئۇنىڭغا كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مېۋىسى پىشىپ يېتىلگەن بولىدۇ). يېغى (ئەڭ سۈزۈك بولىدۇ، سۈزۈكلۈكىدىن) ئوت تەگمىسىمۇ يورۇپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ، (ئوت بىلەن يورۇتۇلسا) نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلىدۇ. الله خالىغان كىشىنى ئۇنىڭ نۇرىغا (يەنى قۇرئانغا) (ئەگىشىشكە) مۇۋەپپەق قىلىدۇ، الله (ئىبرەت ئالسۇن دەپ) كىشىلەرگە مىساللارنى (ئۇلارنىڭ چۈشىنىشىگە يېقىنلاشتۇرۇپ) بايان قىلىدۇ، الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر» (سۈرە نۇر 35- ئايەت).

تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجەلەر ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه دىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «ماي يەڭلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن مايلىنىڭلار، چۈنكى ئۇ مۇبارەك دەرەختىندۇر».

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ماينى قوشۇمچە يېمەكلىك قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن مايلىنىڭلار چۈنكى ئۇ مۇبارەك دەرەختىندۇر» (ئىبنى ماجە 3319- ھەدىس).

زەيتۇن مېيى بىرىنچى دەرىجىلىك ھۆل ئىسسىق، ئۇنى «قۇرغاق» دېگەنلەر خاتالاشقانلاردۇر. ماي سىقىپ چىقىرىلغان زەيتۇننىڭ قاراپ پەرقلىنىدۇ. پىشقان زەيتۇننىڭ مېيى ئەڭ ياخشى ۋە مۆتىدىل. توڭ زەيتۇننىڭ مېيىدا قۇرغاقلىق ۋە سوغۇقلۇق بار. قىزىل زەيتۇن مېيى پىششىق بىلەن توڭ ئارىسىدىكى مىزاجدا. قارا زەيتۇن قىزىتىلىپ ھۆللەنسە مۆتىدىل بولۇپ، ئۇ زەھەرنى قايتۇرىدۇ، قورساقنى بوشىتىدۇ، مەددە قۇرۇتنى چىقىرىدۇ، كونا ماي ئېرىش ۋە قىزىتىش جەھەتتە يامانراق، سۇ بىلەن چىقىرىلغان مايىنىڭ ھارارىتى ئازراق ۋە مەنپەئىتى ياخشىراقتۇر. بارلىق زەيتۇن مېيى تېرىنى يۇمشىتىپ، قېرىلىقنى كېچىكتۈرىدۇ. تۇزلۇق زەيتۇن سۈيى ئوت كۆيۈكىنىڭ يىرىڭداپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، ئۇنىڭ ياپرىغى قىزىللىققا، قىچىشقاققا، مەينەت جاراھەتكە ۋە يەلتاشمىغا پايدا قىلىدۇ، تەرنى چەكلەيدۇ. ئۇنىڭ پايدىلىرى بۇنىڭدىنمۇ كۆپتۇر.